# مەن ئاسمانغا چىققان ۋاقتىمدا جىبرىئىلنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم، ئۇ پەرىشتىلەر ئىچىدە ئاللاھتىن قورققانلىقتىن كونا كىيىمدەك ھالدا تۇراتتى

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مەن ئاسمانغا چىققان ۋاقتىمدا جىبرىئىلنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم، ئۇ پەرىشتىلەر ئىچىدە ئاللاھتىن قورققانلىقتىن كونا كىيىمدەك ھالدا تۇراتتى
ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [ئىبنى ئەبى ئاسىم"سۈننە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - تەبرانىي"مۆجەم كۇبرا"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئىسرا ۋە مىئراجقا چىققان كۈنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئۇ ئاللاھتىن قاتتىق قورققانلىقتىن كونا كىيىمدەك نازۇك ھالدا تۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن، بۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، چۈنكى كىم ئاللاھنى ياخشى تونۇسا، ئاللاھتىن بەكرەك قورقىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10422